3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئاپتونوم رايون بېيجىڭدا 6 ـ مەيدان شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى

# شىنجاڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا بولدى   يالغان ـ ياۋىداق سۆز ئۆزلۈكىدىن بىتچىت بولىدۇ

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جېڭجو خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىدا 6 ـ مەيدان شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

ئالدىنقى ھەپتىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، كانادا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاتالمىش «شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق» مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، جۇڭگوغا جازا قوللىنىپ، خەلقئارانىڭ دىققىتىنى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا مەخسۇس ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تاراتقۇلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق دۇنيا خەلقىگە شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئالاقىدار پاكىت، ھەقىقىي ئەھۋاللارنى بىلدۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى.

ئېلان قىلىش يىغىنىغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىسى شۈ گۈيشياڭ، ئېلجان ئانايەت ۋە داشۆ پروفېسسورلىرى، ئامما ۋەكىللىرى، دىنىي زاتلار، تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر ۋەكىللىرى تەكلىپ قىلىنىپ، نۆۋەتتىكى ھالدا شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتى، شىنجاڭنىڭ پاختا مەسىلىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار تونۇشتۇرۇلدى ھەم مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىلدى.

شۈ گۈيشياڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭنىڭ ماڭغىنى جاھاندىكى توغرا يول بولدى، قىلغان ھەممە ئىشتا ئوچۇق ـ ئاشكارا بولدى، سەممىي بولدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بەخت يارىتىش ئۈچۈندۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، جەمئىيىتىدە غايەت زور تەرەققىيات ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 919 مىليارد 590 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، 1 تىرىليون 359 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %7.2 ئاشتى. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى 3 مىليون 64 مىڭ 900 نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 3666 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چېكىندى، 35 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، مىڭ يىللىق مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى. شىنجاڭدا كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 30 ياشتىن بۈگۈنكى كۈندىكى 72 ياشقا يەتتى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى 40 يىل ئىلگىرىكى 5 مىليون 550 نەچچە مىڭدىن كۆپىيىپ 12 مىليوندىن كۆپرەككە يەتتى، ھەر مىللەت خەلق قانۇن بويىچە جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىدا بېرىلگەن تولۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتلەردىن بەھرىمەن بولدى. بۇ ئىدىيە، تەدبىر، مۇۋەپپەقىيەتلەر چوڭقۇر بولغان «ئەخلاق» ۋە «ھەققانىيلىق»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق قىممەت ئىنتىلىشىگە ئۇيغۇن. ھالبۇكى، ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادادىكى جۇڭگوغا قارشى بىر قىسىم كۈچلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى «ئىرقىي يوقىتىش» «ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى» «كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ، كۆزنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىگەنلىك.

«بىز شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىنى ئەسلا قانداقتۇر كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى دەپ كۆپ قېتىم شەرھلىدۇق.» ئېلجان ئانايەت مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ئالىي خاس خادىمىغا بىرلەشمە ئىمزالىق ئالاقە ئەۋەتىپ، كۆپلىگەن كۆپ تەرەپلىك سورۇنلاردا ئورتاق سۆز قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۈكسەك باھا بەردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 46 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىدا، 80 نەچچە دۆلەت ئورتاق ياكى ئايرىم سۆز قىلىش شەكلى بىلەن جۇڭگونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىكى ھەققانىي مەيدانىغا مەدەت بەردى ۋە قوللىدى. ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادادىكى جۇڭگوغا قارشى بىر قىسىم كۈچلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئەسلا قانداقتۇر «كىشىلىك ھوقۇق» ئەمەس، قانداقتۇر ھەقىقىي ئەھۋال ئەمەس، بەلكى «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ، سىياسىي نەيرەڭۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، سۇنئىي ھالدا ئاتالمىش «ئىرقىي يوقىتىش» مەسىلىسىنى پەيدا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ خەۋپسىزلىكى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت.

پاكىستان ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ تىرىشچانلىقىدا، شىنجاڭ تېررورىزم ۋە زىيادە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر نېمە ئۈچۈن يەنىلا جۇڭگو شىنجاڭنى تەنقىدلەيدۇ؟ بۇنىڭغا قارىتا، شۈ گۈيشياڭ مۇنداق دېدى: بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىلگىرى شىنجاڭدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ئۆزلۈكسىز يۈزبەرگەن ھالەت ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى «ئەڭ گۈزەل مەنزىرە» ئىدى. ھازىر، شىنجاڭدا مۇقىملىق، گۈللىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تىنچ ـ ئىناق بولدى، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئۆزىنىڭ باشقىلارغا دېگىلى بولمايدىغان مۇددىئاسىغا يېتەلمەي، ئىنتايىن تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئامال قىلىپ شىنجاڭنى ئەيىبلەپ، كۆزنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىدى. بۇ خىل قاراڭغۇ پسىخىكىسىنى بىز ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، شىنجاڭ قىلغان بارلىق ئىشلارنىڭ ھېچقانداق ئەيىبلىگۈدەك يېرى يوق، ئەمەلىيەتنىڭ ئىسپاتلىشىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بىز ئۇلارنىڭ بۇ قىلتىقىغا دەسسىمەيمىز. بىز قەتئىي ئىشەنچ بىلەن يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى بويىچە، سەممىي بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ھەر مىللەت ئامما ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمىز. بۇ، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ بوھتان چاپلاپ، پىتنە ـ ئىغۋا توقۇغانلىقىغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى جاۋاب.

رىيتېر ئاگېنتلىقى، پاكىستان ئاخبارات ئاگېنتلىقى، ئېبىم مەسىلىلىرى ئاگېنتلىقى، پېك بو ئاگېنتلىقى قاتارلىق چەت ئەل تاراتقۇلىرى ھەمدە خەلق گېزىتى، شىنخۇا ئاگېنتلىقى، مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى، جۇڭگو گېزىتى، جۇڭگو ئاخبارات ئاگېنتلىقى، يەر شارى ۋاقىت گېزىتى قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىن كەلگەن نۇرغۇن تاراتقۇلار ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى.

تەلئەت قاسىم:

# «پاختا ئائىلىمىزنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى»

## جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پاختىكارلارنىڭ ھېكايىسى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاڭ رۇيلىن

«پاختا ئائىلىمىزدىكى نەچچە ئەۋلاد كىشىنى بېقىپ كەلدى. مەن كىچىكىمدە دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرىدىغان بوۋام ۋە دادامغا ئەگىشىپ كېۋەزلىكتە ئوينايتتىم، ھازىرقى تۇرمۇشۇم بۇرۇنقىدەكلا پاختىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئەمما كىرىمىم ئاتا ـ بوۋىلىرىم تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە بولۇۋاتىدۇ.» 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سەھەردە، ئاتۇش شەھىرى كاتتايلاق يېزىسى قورغان كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تەلئەت قاسىم ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئۆز ئائىلىسىنىڭ كېۋەزلىكىدە ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى.

بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى، تەلئەت ئائىلىسى 12 مو يېرىدىن يىلىغا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلاتتى، نامرات دېگىلى بولمىسىمۇ، ئانچە باياشات ئەمەس ئىدى. دېھقانچىلىقتىن بوشىغان چاغلاردا، تەلئەت ئەتراپتىكى جايلاردا پارچە ـ پۇرات ئىش قىلىپ، كىرىمنى ئاشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كىرىمى ھەمىشە ئانچە مۇقىم ئەمەس ئىدى.

2004 ـ يىلى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بەيجۇەن پاختىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كاتتايلاق يېزىسىغا ماكانلاشتى، بۇ شىركەتنىڭ ئىش باشلاش ۋاقتى دەل كېۋەز تېرىش ۋاقتىغا تاقىشىپ قالمايدىغان بولغاچقا، پاختىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىنكى يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقىتتا بۇ يەردە ئىشلەپ، بىر ئۈلۈش مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولغىلى بولاتتى. تەلئەت بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ شىركەتنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، پاختا ئايرىش ئىشچىسى بولۇپ، شىركەتتە چىگىت ئايرىش، پاختا ئايرىش، تايلاش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. ھازىر، تەلئەت يەنىلا كېۋەز تېرىش ۋە پاختىنى دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئوخشىمايدىغىنى، ئۇ ئەينى يىللاردىكى شاگىرت بولماستىن، بەلكى شىركەت مەشغۇلات سېخىنىڭ بەنجاڭى بولدى، ئايلىق مائاشى 6000 يۈەنگە يېقىنلاشتى.

كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى، مۇشۇ يىللاردا، ئاتۇش شەھىرىدە سىجىل قانات يايدۇرۇلغان يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ پاختا سۈپىتى، مەھسۇلات مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، كىرىمى بارغانسېرى كۆپەيدى.

«ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن ئۇرۇقنى ئىشلىتىپ، ئىلمىي پەرۋىش قىلغانلىقىمدىن، ھەر مو يەرنىڭ ئوتتۇرىچە ھوسۇلى ئەسلىدىكىدىن 50 كىلوگرامدىن 100 كىلوگرامغىچە ئاشتى.» تەلئەت مۇنداق دېدى: ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن كۈزلۈك يىغىمغىچە، تېرىقچىلىقنىڭ ھەر قېتىمقى ھالقىلىق مەزگىلىدە، تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى ھەمىشە ئېتىز باشلىرىدا پەيدا بولۇپ، كېۋەز ئۇرۇقىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئۆسۈش مەزگىلىدە كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇغىرىش، ئوغۇتلاشتىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرقى يىغىۋېلىشقىچە، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بويىچە قايتا ـ قايتا تەربىيەلەپ كەنت ئاھالىلىرىنى خاتىرجەم قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاختا تېرىش ماشىنىسى، يوپۇق يېيىش ماشىنىسى قاتارلىق ماشىنىلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى پاختىكارلارنى خاتىرجەم قىلىپلا قالماي، كۈچنى تېجەپ قالدى، كىرىمنىڭ ئەمەلىي ئېشىشى پاختىكارلارنىڭ تېرىقچىلىققا بولغان ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

تەلئەت 20 يىلدىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلەرنى ئەسلەپ: مەن ھەققەتەن ياخشى دەۋرگە ئۇلاشتىم، ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىردۇق، توڭلاتقۇ سېتىۋالدۇق، ھاۋا تەڭشىگۈچ ئىشلىتىۋاتىمىز، يەنە پىكاپمۇ ھەيدەۋاتىمەن، تۇرمۇشىمىز ھەققەتەن پاراۋان، خىزمىتىمىز كۆڭۈللۈك، دېدى. بۈگۈنكى كۈندە، كېۋەزلىكتە ئالدىراش ئىشلەيدىغانلار ئازايدى، تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن ئىبارەت «ھەمراھ»لار كۆپەيدى، يېزىلارنىڭ پاختا سۈپىتى ۋە ھوسۇلى ئاشتى. يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىمۇ كارخانىلارغا كىردى، ئىلگىرىكى 50 ئادەم ئىشلەيدىغان خىزمەتنى ھازىر ئون نەچچە مەشغۇلاتچى ماشىنىدىن پايدىلىنىپ ئاسانلا بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولدى، شىركەتنىڭ مەھسۇلات مىقدارىمۇ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئاشتى.

تەلئەت كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مەن كېۋەزنى داۋاملىق ياخشى تېرىپ، داۋاملىق ياخشى سانائەت ئىشچىسى بولىمەن. پاختا ئائىلىمىزنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى، مەن مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەتقىقاتچى غالىب ئەرشى مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ماشىنىدا پاختا يىغىش تەرەققىياتىدىكى «كېۋەز سورتى»نىڭ چەكلىمىسى مەسىلىسىگە قارىتا، كېۋەز بايلىقىنى تەتقىق قىلىشتىن ماشىنىدا يىغىۋېلىنىدىغان كېۋەز سورتى يېتىشتۈرۈشكىچە پەن ـ تېخنىكا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، كېۋەز سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكلىشى ۋە قوللىشىدا، شىنجاڭنىڭ پەن تەتقىقات مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، سورت يېتىشتۈرۈشتىكى ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلاردا ئۈزلۈكسىز بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى ئۈزلۈكسىز كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ، پاختىچىلىق كەسپىنىڭ «كۆلەملىشىش، تۈجۈپلىشىش، ئۆلچەملىشىش، ماشىنىلىشىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش، ئۇچۇرلىشىش» يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

2020 ـ يىلى، شىنجاڭ ئۆزى تاللاپ يېتىشتۈرگەن ماشىنىدا يىغىۋېلىنىدىغان كېۋەز يېڭى سورتىنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 690 كىلوگرامدىن ئېشىپ، سۈپىتى قوش 31 ئۆلچەمگە يەتتى، چىگىت ئايرىش ئارقىلىق يەنىلا پاختا تۈتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە ئېلاستىكىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختىغا بولغان تەلىپى تولۇق قاندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كېۋەز سورتى قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت سىستېمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەلالىشىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 10 مىڭ مودىن ئارتۇق ئاساسلىق تېرىلىدىغان كېۋەز سورتلىرى بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %75كە يېتىپ، پاختا سۈپىتىنىڭ بىردەكلىكى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭ پاختىسى دۆلەت ئىچىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل ساغلام تەرەققىياتىدىكى مۇھىم خام ئەشيا كاپالىتىگە ئايلاندى، شىنجاڭ پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىلغار ئۈسكۈنە ۋە ئاپتوماتىك قۇرۇلمىلارنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلەتتى، قۇرۇپ چىقىلغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرى دۆلەت ئىچىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق كەسپى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى نامايان قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسىدە كەم بولسا بولمايدىغان تايانچ كۈچكە ئايلاندى.

### ئۈنۈمى ياخشى بولدى   زامانىۋى تىجارەت ئاساسى مۇستەھكەملەندى

شىنجاڭنىڭ پاختا ھوسۇلى ۋە سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت سىستېمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا تايانغان بولۇپ، بۇ نۇقتىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پاختىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىيات مۇساپىسىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پاختىنى ماشىنىلاشتۇرۇپ يىغىۋېلىش كۆلىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مىليون مودىن ئارتۇق ئېشىش سۈرئىتى بىلەن تېز ئاشتى. 2020 ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ماشىنىدا كېۋەز تېرىش، ماشىنىدا ئۇرۇق سېلىش ھالقىلىرىدا پۈتۈن مۇساپىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، پاختىنى ماشىنىدا يىغىش نىسبىتى %75.5كە يەتكۈزۈلۈپ، پاختا يىغىش ماشىنىسىنىڭ ئومۇمىي سانى 5800 دىن ئېشىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا كۆلەملەشكەن تېرىقچىلىق نىسبىتى ئېشىش، تېرىقچىلىق تەننەرخى تۆۋەنلەش، تۈجۈپلىشىش سەۋىيەسى ئۆسۈشتەك تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

«بىزنىڭ ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپېراتىپىمىزدا پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.» ئاۋات ناھىيەسى شىنخۇيچېڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى لى يەنگاڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: پاختىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپى كۆلەملەشتۈرۈپ، تۈجۈپلەشتۈرۈپ، ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقارغاندىن كېيىن، مو بېشى ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى 380 يۈەن تۆۋەنلەتكىلى، ھوسۇلنى 120 كىلوگرام ئاشۇرغىلى، پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى مو بېشى پايدىسىنى 1100 يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرغىلى، ئۈنۈمنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ كېڭەيتىلىشى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى، ماشىنىلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشكە شارائىت يارىتىپ بېرىدىغىنى يەر ئوبوروتى ۋە بىرىكتۈرۈش بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاۋات ناھىيەسى يەر تۈزلەش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش قاتارلىق يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، يەر تۈزلەش كۆلىمىنى 1 مىليون مودىن ئاشۇرۇشنى تاماملاپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، يەنە دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىدىكى يېڭىچە تىجارەت سۇبيېكتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا شارائىت يارىتىپ بېرىپ، پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى.

«مەن ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ھەيدەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىمەن، ئايلىق كىرىمىم 5000 يۈەن ئەتراپىدا.» ئاۋات ناھىيەسى تامتوغراق يېزىسى تامتوغراق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ھەسەنجان ئوسمان خۇشال ھالدا: ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تەرەققىيات كۆلىمى ئۈزلۈكسىز زورايدى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنىڭ خىزمىتىمۇ بارغانسېرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى، دېدى. بۈگۈنكى كۈندە، تراكتور ھەيدەشنىمۇ، پاختا يىغىش ماشىنىسى ھەيدەشنىمۇ بىلىدىغان ئۇ ھەر يىلى 3 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە ئىزچىل ئالدىراش ئىشلەپ، كېۋەز تېرىش، پاختا يىغىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا قاتنىشىدۇ.

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشى (يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆلىمى 6 مىليون مودىن ئاشتى، بېيدوۇ يول باشلاپ تۈجۈپلەپ تېرىش، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ئارقىلىق ئۆسۈملۈك ئاسراش، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىنى ئەقلىي ئىقتىدارلىق كۆزىتىپ ئۆلچەش قاتارلىق زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرى يەرنى تۈجۈپلەشتۈرۈپ، كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش سەۋەبىدىن كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلماقتا. تەكشى، كەڭ كەتكەن زامانىۋىلاشتۇرۇلغان كېۋەزلىكلەردە، ئېغىر مەشغۇلات قىلىدىغان پاختا تەرگۈچىلەر ئازىيىپ، زامانىۋى يىغىش ماشىنىلىرى «باش رولچى»غا ئايلاندى. شۇنداقلا دەل يەرنى مۇۋاپىق كۆلەملىك باشقۇرۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنىڭ پايدىسىدا، ھەسەنجانغا ئوخشاش بىر تۈركۈم ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىلىرى پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش مۇساپىسىگە قاتنىشىپ، كەسىپ تەرەققىياتى ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن تەڭ بەھرىلىنىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە پاختىچىلىق كەسپىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى.

### غەيرىتى تولۇپ تاشتى   كەسىپلەرنىڭ تاكامۇللىشىش يوشۇرۇن كۈچى زور بولدى

شىنجاڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا ماس كېلىدىغان تەبىئىي بايلىق شارائىتىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، پاختىچىلىق كەسپىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنىڭ كەسىپ ئاساسىنى تېخىمۇ ھازىرلىغان.

«ئۇرۇقچىلىق كەسپىدە ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئاپتونوم رايونىمىز پاختىچىلىق كەسپى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى.» غالىب مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا سورتىنى يېتىشتۈرۈشتە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، بىر تۈركۈم ئۆزى يېتىشتۈرگەن ئەلا سورتلار ئارقا ـ ئارقىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى ھەم كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىلدى. نۆۋەتتە، ئۆزى يېتىشتۈرگەن كېۋەز سورتى بازاردا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەپ، بازار ئىگىلەش نىسبىتى %90تىن ئاشتى.

«ئۆزى يېتىشتۈرىدىغان سورتنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش ئېنىقكى پاختىچىلىق كەسپىنىڭ يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.» غالىب مۇنداق تونۇشتۇردى: مولېكۇلالىق بەلگىنى قوشۇمچە ۋاستە قىلىش ئارقىلىق سورت يېتىشتۈرۈش قاتارلىق تېخنىكىلارنىڭ كېۋەز سورتىنى يېتىشتۈرۈشتە قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، كېۋەز سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئۈنۈمى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ ۋە تاللاپ يېتىشتۈرۈش دەۋرىنى قىسقارتىپ، كەسىپكە ئېھتىياجلىق ئەلا سورتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، كەسىپ زەنجىرى تۆۋەن ئېقىننىڭ پاختا سۈپىتىگە بولغان ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرىمىز.

يېقىنقى بىر مەزگىلدە، شايار بوشرەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ھەممىلا يېرىدە قىزغىن ئالدىراش مەنزىرە بارلىققا كەلدى، ئىشچىلار ھازىر ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى يېڭىدىن تەتقىق قىلىپ ئاچقان 6A — 4MZD تىپلىق ئاپتوماتىك تايلاش، پاختا يىغىش ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ، «شىنجاڭدا ئىشلەنگەن» بۇ تايلاش، پاختا يىغىش ماشىنىسى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىنكى پاختىنى بىۋاسىتە تايلاپ، ھالقىلارنى ئازايتىپ، پاختا يىغىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، پاختىكارلارنىڭ توشۇش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتەلەيدۇ.

«چەت ئەلنىڭ تايلاش، پاختا يىغىش ماشىنىسىنىڭ تەننەرخى يۇقىرى، سېتىلغاندىن كېيىنمۇ بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى ناھايىتى تەس، بىز بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.» بۇ شىركەتنىڭ ئىنژېنېرى لىيۇ جۈنتيەن مۇنداق دېدى: بۇ شىركەتنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىش كوللېكتىپى ئەسلىدىكى ۋاگونسىمان پاختا يىغىش ماشىنىسىنى ئېچىش تەجرىبىسىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۈچ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 6A — 4MZD تىپلىق ئاپتوماتىك تايلاش، پاختا يىغىش ماشىنىسىنىڭ تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچلىرىنى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ، رەسمىي بازارغا يۈزلەندۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى.

«شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەۋزەللىكى ھوسۇلىنىڭ زور، تۈرىنىڭ مول ئىكەنلىكىدە ئىپادىلىنىپلا قالماي، تاكامۇللاشقان كەسىپ ئاساسى يەنە تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچىدۇر.» شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ۋە پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى دەي جۈنشېڭ مۇنداق دېدى: نەچچە ئون يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئەڭ مۇھىم، ھەتتا دۇنياۋى تەسىر كۈچكە ئىگە پاختا بازىسىغا ئايلىنىپلا قالماي، يەنە بىر قەدەر مۇستەھكەم بولغان كەسىپ تەرەققىيات ئاساسىنى شەكىللەندۈرۈپ، پاختىچىلىق كەسپى تېخنىكىسى، جابدۇقلىرى، ئىختىساسلىقلىرىنىڭ ئېگىزلىكىگە ئايلاندى.

«جۇڭگو شىنجاڭ ھەم ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ پاختا ھوسۇلى دۇنيا پاختا ئومۇمىي ھوسۇلىنىڭ يېرىمىغا يېقىنىنى ئىگىلەيدۇ، ھەمكارلىق ۋە بازار ئىستىقبالى كەڭ.» دەي جۈنشېڭ مۇنداق دېدى: ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىش قاتارلىق ئامىللار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپى جەھەتتە توپلىغان تېخنىكا ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ چوڭ بازاردا ئومۇملاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، كەسىپ تەرەققىياتىدا تېخىمۇ چوڭ قەدەم تاشلىغىلى بولىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭشىئۈەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن